# شى جىنپىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا چىلى زۇڭتۇڭى، تانزانىيە زۇڭتۇڭى بىلەن تېلېفونلاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگونىڭ يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى تېخىمۇ يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسىدا ئالغا سىلجىتىشى چىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنى تېخىمۇ كەڭ بازار ۋە تەرەققىيات پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئىككى تەرەپ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئەركىن سودا كېلىشىمىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق قويۇپ بېرىشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ چىلىنىڭ يېزا ئىگىلىكى، كانچىلىق، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى قاتارلىق ساھەلەرگە مەبلەغ سېلىشنى كېڭەيتىپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، رەقەملىك ئىقتىساد قاتارلىق يېڭى ھەمكارلىق ئېشىش نۇقتىسى بەرپا قىلىشنى خالايدۇ. مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، يەرلىك، ساياھەت قاتارلىق ساھەلەردىكى ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. ۋاكسىنا تەتقىق قىلىپ ئېچىش ۋە ئىشلىتىش ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، چىلى تەرەپنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە قوللايدۇ ۋە ياردەم بېرىدۇ. ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات، كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش قاتارلىق يەر شارى خاراكتېرلىك قارالمىلاردا ئالاقىلىشىش، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، كۆپ تەرەپچىللىك ۋە ئەركىن سودىنى ئورتاق قوللايدۇ. چىلى تەرەپنىڭ جۇڭگو ـ لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھەمكارلىقىدا پائال رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

پىنېرا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: چىلى ـ جۇڭگو ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 50 يىلدىن بۇيان، ئىككى تەرەپ دوستلۇقى ئۇزاق تارىخىي جەرياندا مۇستەھكەملەندى، سىياسىي جەھەتتىكى ئۆزئارا ئىشىنىش تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىق مول نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. چىلى تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلىرىنى ئالقىشلايدۇ، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو تەرەپنىڭ كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇشتىكى دۆلەتنىڭ ئۆز ئالدىغا تۆھپە قوشۇش يېڭى تەدبىرلىرىنى جاكارلىشى دۇنياغا يېڭى مۇھىم تۆھپە قوشتى. جۇڭگو تەرەپنىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى تۈزۈپ يولغا قويۇشىنىڭ چىلى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيانى تېخىمۇ زور پۇرسەت بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. چىلى تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن سۆزلىشىش، ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشقا پائال قاتنىشىپ، باراۋەر، ئەركىن سودا سىستېمىسىنى ئورتاق قوغداپ، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ۋە كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش قاتارلىق مۇھىم، زور قارالمىلاردا ئالاقە ۋە ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى ئورتاق بەرپا قىلىشنى خالايدۇ. جۇڭگو ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەدىمىي مەدەنىيلىككە ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك ئىستراتېگىيەلىك نەزەرگە ئىگە، جۇڭگونىڭ يەر شارىۋى ئىدارە قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، يەر شارىۋى خىرىسقا تېخىمۇ ياخشى تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

شۇ كۈنى ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى يەنە جۇڭگو بىلەن چىلىنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، جۇڭگو بىلەن چىلىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ سىجىل، چوڭقۇر تەرەققىياتىغا ئورتاق تۈرتكە بولۇشقا بىردەك قوشۇلدى.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى كەچتە تانزانىيە زۇڭتۇڭى ماگۇفۇلى بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ ماگۇفۇلىنىڭ ئۇدا زۇڭتۇڭلۇق بولغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم تەبرىكلىدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو بىلەن تانزانىيەنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنى ئىككى دۆلەتنىڭ پېشقەدەم بىر ئەۋلاد رەھبەرلىرى ئۆز قولى بىلەن ئورناتقان. جۇڭگو تەرەپ جۇڭگو ـ تانزانىيە مۇناسىۋىتىگە باشتىن ـ ئاخىر ئىستراتېگىيەلىك يۇكسەكلىك ۋە يىراق كەلگۈسى نۇقتىدىن مۇئامىلە قىلىدۇ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرىدۇ. مەيلى خەلقئارا ۋە رايون ۋەزىيىتىدە قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جۇڭگو تەرەپ باشتىن ـ ئاخىر تانزانىيەنىڭ ئىشەنچلىك دوستى ۋە يولدىشى. جۇڭگو تەرەپ تانزانىيە تەرەپنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئۆز ئالدىغا تەرەققىي قىلىش يولىدا مېڭىشىنى قەتئىي قوللايدۇ، تانزانىيە تەرەپ بىلەن يۇقىرى قاتلام ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، سىياسىي جەھەتتىكى ئۆزئارا ئىشەنچىنى مۇستەھكەملەپ، بىر ـ بىرىنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم، زور مەسىلىلەردە داۋاملىق بىر ـ بىرىنى قەتئىي قوللاشنى خالايدۇ. جۇڭگو تەرەپ تېخىمۇ كۆپ جۇڭگو كارخانىسىنىڭ تانزانىيەگە بېرىپ مەبلەغ سېلىپ، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى، بايلىق ئېچىش، يېزا ئىگىلىكى، ياسىمىچىلىق قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كېڭەيتىشىنى قوللايدۇ. جۇڭگو تەرەپ تانزانىيە تەرەپ بىلەن ئىككى دۆلەتنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى قويۇقلاشتۇرۇپ، جۇڭگو ـ ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرى بېيجىڭ باشلىقلار يىغىنى ۋە جۇڭگو ـ ئافرىقا ئىتتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىنىڭ نەتىجىلىرىنى ئەمەللەشتۈرۈشنى ئورتاق ئالغا سىلجىتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى كۈچەيتىپ، جۇڭگو بىلەن تانزانىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش، يۇقىرىلاشقا تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگو ـ ئافرىقا تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى خالايدۇ.

ماگۇفۇلى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: تانزانىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ تانزانىيە زۇڭتۇڭى چوڭ سايلامنىڭ ئالدى ـ كەينىدە سىياسىي جەھەتتىن قەتئىي قوللىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىدۇ، جۇڭگونىڭ رەئىس شى جىنپىڭنىڭ قالتىس رەھبەرلىكىدە قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يۈكسەك ئالقىشلايدۇ. كۆپ يىللاردىن بۇيان، تانزانىيە ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتى ياخشى بولدى، جۇڭگو تەرەپ تانزانىيە تەرەپنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى زور ياردەم بىلەن تەمىنلەپ، تانزانىيە تەرەپنى كۆپ نەپكە ئېرىشتۈردى. تانزانىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپنى مۇھىم ۋە ئىشەنچلىك دوستى دەپ قارايدۇ، ئەنئەنىۋى دوستلۇقنى مۇستەھكەملەپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىقتىساد ـ سودا، سېلىنما، يېزا ئىگىلىكى، ساياھەت قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى خالايدۇ. تانزانىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ شىنجاڭ، شياڭگاڭ قاتارلىق جۇڭگو تەرەپنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەردىكى مەيدانىنى قەتئىي قوللايدۇ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشقا پائال قاتنىشىشقا كۈچەيدۇ. تانزانىيە تەرەپ ئافرىقا ـ جۇڭگو ھەمكارلىق مۇنبىرى ھەمكارلىقى، ئافرىقا ـ جۇڭگو ئىتتىپاقلىقىنى ئالغا سىلجىتىشتا پائال رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى خالايدۇ.

# دەۋر مەسئۇلىيىتىنى ئورتاق زىممىگە ئېلىپ، يەر شارىۋى تەرەققىياتنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرەيلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تولۇق پايدىلىنىپ، ھەمكارلىشىپ بارلىق خىرىسقا تاقابىل تۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىش يۆنىلىشىگە ياخشى يېتەكچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھازىر ئەڭ جىددىي ۋەزىيەت دۇنيا ئىقتىسادىنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشقا يېتەكلەش. دۇنيا ئىقتىسادى ئۇزاق مۇددەت پەسكويغا چۈشۈپ قالدى، باي ـ نامراتلىق پەرقى، جەنۇب ـ شىمال پەرقى مەسىلىسى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى. بۇنىڭ مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرسەك، ئىقتىساد ساھەسىدە يەر شارىۋى ئېشىشتىكى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى يېتەرلىك بولماسلىق، يەر شارىۋى ئىقتىسادنى ئىدارە قىلىش ئارقىدا قېلىش، يەر شارىۋى تەرەققىياتتىكى تەڭپۇڭسىزلىقتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ گەۋدىلىك زىددىيەت ئۈنۈملۈك ھەل قىلىنمىغان. بىزدە ھەم مەسىلىنى تەھلىل قىلىدىغان ئەقىل ـ پاراسەت بولۇشى، تېخىمۇ مۇھىمى ھەرىكەت قوللىنىدىغان جاسارەت بولۇشى كېرەك. بىرىنچى، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ھاياتىي كۈچكە باي بولغان ئېشىش ئەندىزىسى يارىتىش كېرەك؛ ئىككىنچى، ماسلىشىپ بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئېچىۋېتىلگەن، ئورتاق پايدا ئالىدىغان ھەمكارلىق ئەندىزىسى بەرپا قىلىش كېرەك؛ ئۈچىنچى، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئادىل، مۇۋاپىق بولغان ئىدارە قىلىش ئەندىزىسى بەرپا قىلىش كېرەك؛ تۆتىنچى، باراۋەر، سىغدۇرۇشچان بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تەڭپۇڭ، ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئاچقۇچى جۇڭگو خەلقىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تەرەققىيات يولىنى ئاچقانلىقىدا. بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ بېكىتىلگەن بىر يول. بۇ، خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلغان بىر يول. بۇ، ئىسلاھ قىلىنغان، يېڭىلىق يارىتىلغان بىر يول. بۇ، ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئورتاق تەرەققىيات كۆزلەنگەن بىر يول. جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى دۇنيانىڭ پۇرسىتى، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ يەر شارىۋىلىشىشىدىن نەپ ئالغۇچى، تېخىمۇ مۇھىمى تۆھپە قوشقۇچى. جۇڭگو خەلقى قۇچقىنى كەڭ ئېچىپ ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ تەرەققىيات «تېز پويىزى»، «قولايلىق پويىزى»غا ئولتۇرۇشىنى قارشى ئالىدۇ.

ماقالىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ ئالغا بېسىش مۇساپىسىدە ئەزەلدىن تەكشى، داغدام يول بولغان ئەمەس، ئىنسانلار قىيىنچىلىق بىلەن كۆرەش قىلىش داۋامىدا ئالغا ئىلگىرىلىگەن. قىيىنچىلىققا يولۇققاندا ئۆزىدىن ئاغرىنماي، باشقىلارنى ئەيىبلىمەي، ئىشەنچىدىن ۋاز كەچمەي، مەسئۇلىيەتتىن قاچماي، بەلكى قىيىنچىلىقنى بىرلىكتە يېڭىش كېرەك. بىز ئىشەنچ تۇرغۇزۇپ، ھەرىكەت قوللىنىپ، قول تۇتۇشۇپ كەلگۈسىگە قاراپ ئالغا ئىلگىرىلەيلى!

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى لى فېيجيەن يىغىنچاقلاپ.

چىلان كەسپىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، لوپ ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە ناھىيەلىك ھۆكۈمەت قەرەللىك تەكلىپ قىلغان باغۋەنچىلىك تېخنىكلىرى ئېتىز باشلىرىغا بېرىپ، ئوغۇتلاش، ئۇلاشتىن تارتىپ كېسەللىك، زىيانداش ھاشارات زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكىچە، شاخلارنى شالاڭلىتىشتىن تارتىپ چىلان يىغىش، قۇرۇتۇشقىچە بولغان ھەربىر ھالقىغا كۆڭۈل قويۇپ يېتەكچىلىك قىلدى. ئۆزگىچە جۇغراپىيەلىك شارائىت ۋە كوئېنلۇن تېغىنىڭ قار سۈيى بىلەن سۇغىرىشقا ئىلمىي ئۇسۇلدا ئۆستۈرۈش ۋە پەرۋىش قىلىش قوشۇلغاچقا، بۇ يەردىكى جۇنزاۋ چىلىنى رەڭگىنىڭ چىرايلىقلىقى، تەمىنىڭ تاتلىقلىقى ھەم خۇش پۇراقلىقلىقى بىلەن ئەتراپتا داڭ چىقاردى.

چىلانچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتى گەۋدىلىك بولغاچقا، 2019 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئىسلىقدۆڭ كەنتى يېزا ئىگىلىكى، يېزا مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە «بىر كەنتتە بىر مەھسۇلات» بولۇش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىدىغان كەنت ـ بازار دەپ بېكىتىلدى.

بۈگۈنكى كۈندە، لوپ ناھىيەسى يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەپ سۇغىرىش تېخنىكىسىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ، مەركەزلىك تۇتاشتۇرۇش، تۈجۈپىلەشتۈرۈش، كۆلەملەشتۈرۈپ ئۆستۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، 500 مو يېڭى سورت، يېڭى تېخنىكا بويىچە چىلان ئۆستۈرۈش ئۈلگە كۆرسىتىش باغچىسى، 1000 مو ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك چىلان ئۆستۈرۈش ئۈلگە كۆرسىتىش باغچىسى قۇردى ھەم بۇلتۇر 7 ـ ئايدا دۆلەتنىڭ قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈزبەرگەن رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش مۇلازىمىتى ۋە كېڭەيتىش سۈپىسى بولغان «چىلاننى ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈشنى ئۆلچەملەشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسى»نى مۇۋەپپەقىيەتلىك قۇردى.

## كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق سېتىشنى كېڭەيتىش

10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن لوپ ناھىيەسىنىڭ 2 ـ نۆۋەتلىك چىلان ئۈزۈش بايرىمىدا، زاۋشاڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى لى جىگاڭ لوپ جۇنزاۋ چىلىنىنىڭ تۈرلۈك تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش كۆرسەتكۈچلىرىنى كۆرسەتتى: تەركىبىدىكى ئېرىشچان قاتتىق ماددا %33تىن يۇقىرى، يېڭى چىلان تەركىبىدىكى قەنت مىقدارى %28.68تىن، قۇرۇق چىلان تەركىبىدىكى قەنت مىقدارى %69.42تىن يۇقىرى بولۇپ، يېڭى چىلاننىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ ئېغىرلىقى 70 گرامدىن يۇقىرى.

چىلاننىڭ تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلىرىنى «رەقەملەشتۈرۈش»نىڭ ئارقىسىدا، لوپ چىلىنىنى كەسپلەشتۈرۈش، ئىنچىكىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتى بار.

كەسپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا «يالغۇز كىشىلىك ئويۇن» ئوينىغىلى بولمايدۇ، كۆپ تەرەپنىڭ كۈچىنى بىرلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. لوپ ناھىيەسىدىكى ئورمانچىلىق، ئوتلاق تارماقلىرى باشلامچى بولۇپ 60تىن ئارتۇق چىلان ئۆستۈرۈش، پىششىقلاش كارخانىسى ۋە ھەمكارلىق كوپېراتىپى، تېرىقچىلىق چوڭ ئائىلىسىنى تەشكىللەپ، لوپ چىلان كەسپى بىرلەشمىسى قۇرۇپ، چىلان ئۆستۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش، تېرمىنال سېتىشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۈچ كەسپ بىرلەشكەن ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان، ئورتاق پايدا ئالىدىغان يېڭى ئەندىزىنى شەكىللەندۈردى.

لى فېيجيەن مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ يىل 9 ـ ئايدا، جۇڭگو ئاشلىق گۇرۇھى تولۇق كونتروللۇقىدىكى بالا شىركەت جۇڭگو ئاشلىق گۇرۇھى زاكاز مال چەكلىك شىركىتى لوپ ناھىيەسى جۇنخۇيۈەن دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى بىلەن بىرلىكتە چىلان «سۇغۇرتا + قەرەللىك مال» بىلىملىرى بويىچە لېكسىيە ئۇيۇشتۇردى.

«بۇ قېتىمقى لېكسىيە چىلانچى دېھقانلارغا چىلان قەرەللىك مال بىلىملىرى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى پۇل مۇئامىلە بازىرىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى دەسلەپكى قەدەمدە چۈشەندۈردى، قەرەللىك مال بازىرىدىن پايدىلىنىپ چىلان باھاسىنىڭ چۈشۈپ كېتىش خەۋپىدىن ساقلىنىشنى ئۆگەتتى، چىلانچى دېھقانلارنى خاتىرجەم چىلان ئۆستۈرۈش، چىلاننى كۆڭۈلدىكىدەك سېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى» دېدى لى فېيجيەن.

بۇنىڭدىن باشقا، لوپ ناھىيەسى «ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، يېشىل تەرەققىيات» ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، زىيانسىز، يېشىل، ئورگانىك چىلاننى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، چىلان سۈپەتلىك ماركىسىنى زور كۈچ بىلەن بەرپا قىلدى. نۆۋەتتە، پۈتۈن ناھىيە بويىچە خۇاڭمو قۇرۇق مېۋىسى، خوتەن جېنزاۋ چىلىنى، شياڭسىنيەن، سۈيرۇشۆ، دامو خۇڭجۇ، بەش تۈپ توغراق دېھقانچىلىق مەيدانى قاتارلىق ئون چىلان سۈپەتلىك ماركىسى رويخەتكە ئېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە بەش سۈپەتلىك ماركا جۇغراپىيەلىك ئېتىراپنامە بەلگىسىگە ئىلتىماس قىلىندى.

«ئېلېكترونلۇق سودا سۈپىسى ئارقىلىق توردا سېتىلدى، مەملىكەتلىك باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنى كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش يىغىنى، تونۇشتۇرۇش يىغىنى، ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ھەمدە ‹سۇغۇرتا + قەرەللىك مال› قاتارلىق كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق سېتىش شەكلى لوپ ناھىيەسىنىڭ چىلان بازىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى» دېدى لى فېيجيەن.

## پۈتۈن كەسپ زەنجىرى بويىچە دېھقانلارنىڭ بېيىشىغا ياردەم بېرىش

«ئايرىش، يۇيۇش، قۇرۇتۇش، ئوراپ قاچىلاش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلالايمەن، ھەر كۈنى 200 يۈەن ئەتراپىدا كىرىم قىلىمەن» دېدى 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى زاۋشاڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ ئايرىش سېخىنىڭ ئىشچىسى روزىنىسا ياسىن.

روزىنىسا لوپ ناھىيەسى چارباغ يېزىسى باش پېچەكچى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى. زاۋشاڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ھەر قېتىم چىلان پىششىقلاش پەسلى كەلگەندە، ئۇ شىركەتكە بېرىپ ئىشلەيدۇ، بۇ يىل ئىشلەۋاتقىنىغا تۆت يىل بولدى. «بۇ يەردە ئىشلىگەندىن باشقا، يەنە تىككۈچىلىك دۇكىنى ئاچىمەن، ھازىر كۈنلىرىم بارغانسېرى ياخشىلاندى» دېدى روزىنىسا.

زاۋشاڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىدە روزىنىساغا ئوخشاش ۋاقىتلىق ئىشچى بولۇپ ئىشلەيدىغانلار يىلىغا 15 مىڭ ئادەم قېتىم، ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشچى بولۇپ ئىشلەيدىغانلار 80 ئادەم ئەتراپىدا بولدى.

لوپ ناھىيەسىنىڭ جۇنخۇيۈەن چىلان پىششىقلاش زاۋۇتىدا ئىشلەيدىغان گۈلمىرە نۇرمەمەت ھەر ئايدا 3000 يۈەن مۇقىم مائاش ئالغاندىن سىرت، يەنە دېكوتورلارنى تەربىيەلەشكە قاتنىشىپ، بىۋاستە كۆرسىتىش نومۇرى ئېچىپ، ھەرقايسى سۇپىلاردا چىلان قاتارلىق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشنى سىناق قىلىشقا باشلىدى.

لوپ ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش باغچە رايونى يېزا ئىگىلىك باغچە رايونىنى باشقۇرۇش كومىتېتى پارتىيە خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خوۋ چۈنرۇي مۇنداق دېدى: «يېزا ئىگىلىك باغچە رايونىدا 91 تېرىقچىلىق چوڭ ئائىلىسى ۋە كارخانا بار، 70 مىڭ مو يەرگە چىلان تېرىلدۇ، چىلان ئۈزۈشكە ھەر يىلى 15 مىڭ ئەتراپىدا ئىشلەمچى لازىم بولىدۇ، ئىش ھەققى 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ».

نۆۋەتتە، لوپ ناھىيەسى چىلانچىلىق كەسپىدە «باشلامچى كارخانا + كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى + بازا + دېھقان ئائىلىسى»دىن ئىبارەت تىجارەت ئەندىزىسىنى قۇرۇپ چىقىپ، دېھقانلار بىلەن بىرلىشىش، دېھقانلارغا نەپ يەتكۈزۈش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈپ، قېلىپلاشقان، ئىنچىكىلەشكەن تەرەققىيات يولىغا قەدەم قويۇپ، كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، يېشىل ماركا يارىتىپ، ئەلا سۈپەتلىك يولدا مېڭىپ، ئىنچىكە، چوڭقۇر پىششىقلاش ئۆستىدە پائال ئىزدىنىپ، كەسىپتە ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىدە كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى.

چىلانچى دېھقانلارنىڭ 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىمدىن باشقا، چىلان سېتىۋېلىش، پىششىقلاش ھالقىسىدا پەسىل خاراكتېرلىك 60 مىڭ ئادەم قېتىم ئىشچى ئىشلىتىش ھەل قىلىنىپ، كىشى بېشى كىرىمىنىڭ 2000 يۈەندىن ئېشىشىغا تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ. لى فېيجيەن مۇنداق دېدى: كېيىنكى قەدەمدە بىز چىلاننى ئىنچىكە پىششىقلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، كەسىپنىڭ ئومۇمىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، چىلانچىلىق كەسپىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ بېيىشىدىكى خاس كەسپ، تۈۋرۈك كەسپكە ئايلاندۇرىمىز.

# شىنجاڭ ئىبرەت تەربىيەسى مەركىزى پۈتۈنلەي ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جىيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئىبرەت تەربىيەسى مەركىزى پۈتۈنلەي ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پارتىيەلىك كادىرلار ۋە ھۆكۈمەت خادىملىرىغا رەسمىي ئېچىۋېتىلدى. شۇ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياڭ شىن ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرىنى باشلاپ بۇ يەرگە كېلىپ تەربىيەنى قوبۇل قىلدى.

شىنجاڭ ئىبرەت تەربىيەسى مەركىزىنىڭ كۆرگەزمە كۆلىمى 3700 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. كۆرگەزمىدە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى يېتەكچى قىلىنىپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىنىپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما قىلىنىپ، سۈرەتلىك كۆرگەزمە، سىن قىسقا فىلىمى، كۆرۈنۈش تەسراتى، ئاكۇستىك فوتوئېلېكتىر ھەمتۈرتكە بولۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، ئىجابىي جەھەتتىن يېتەكلەش بىلەن سەلبىي جەھەتتىن ئاگاھلاندۇرۇش ئېلىپ بېرىلىپ، پارتىيەۋىلىك تەربىيەسى، ئىنتىزام ـ قانۇن تەربىيەسى ۋە ئىبرەت تەربىيەسى بىر گەۋدىلەشتۈرۈلۈپ، پارتىيەلىك كادىرلار ۋە ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ پارتىيەۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى، ئىنتىزام، قانۇن، ئەخلاق ۋە پاك ـ تىرىشچان بولۇش تەربىيەسى يەنىمۇ كۈچەيتىلىپ، چىرىكلىشىشنى رەت قىلىش، ئۆزگىرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىدىيە مۇداپىئە سېپى يەنىمۇ مۇستەھكەملىنىپ، چىرىكلىشىشكە پېتىنالمايدىغان، چىرىكلىشەلمەيدىغان، چىرىكلىشىشنى ئويلىمايدىغان بولۇش بىر گەۋدىلەشتۈرۈلۈپ ئالغا سىلجىتىلدى، بۇ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتىكى مۇھىم بازا.

كۆرگەزمە مۇقەددىمە زالى، «ئاساسىي مەقسەتنى ئەستە چىڭ ساقلاش، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماسلىق» «بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش» «دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈش، ئىككى قولدا تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش» «دېلودىن ئىبرەت ئېلىش، ئاگاھ سىگنالىنى ئۇزاققىچە ياڭرىتىش» «ئەخلاقلىق ھەم پاك بولۇش، ئەخلاقلىق كىشىلەردىن ئۆگىنىش» ۋە ئاخىرقى زال قاتارلىق يەتتە بۆلەك مەزمۇنغا بۆلۈنگەن. ياڭ شىن بىر تەرەپتىن چۈشەندۈرۈشنى ئاڭلاپ، بىر تەرەپتىن ئەھۋاللارنى سورىدى، كۆپچىلىك بىلەن مۇھاكىمە قىلىپ پىكىر ئالماشتۇردى، كۆپچىلىك يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيە ئۆزىنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرغانلىقى توغرىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە بولدى، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىر قولدا بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى تۇتۇش، بىر قولدا پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى تۇتۇشقا قارىتا تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە بولدى، بىر قېتىملىق چوڭقۇر ئىدىيەۋى تاۋلىنىشنى قوبۇل قىلدى.